# مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كېلەر يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىيات ئۈچۈن ۋە ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىشتا، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى مۇۋاپىق ئارىلىقتا ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كېلەر يىللىق كۆزلىمە نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇقىملىقنى باش ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ماكرو سىياسەت مۇقىم بولۇش، مىكرو سىياسەت جانلىق بولۇش، جەمئىيەت سىياسىتى تىرەك بولۇش سىياسەت رامكىسىدا چىڭ تۇرۇپ، ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى، قاراتمىلىقلىقى، ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پائال ئىلگىرىلەپ، مەسىلە يۆنىلىشى، نىشان يۆنىلىشى، نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا سىجىل كۈچەپ، ئىقتىسادتا مىقدارنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشى ۋە سۈپەتنىڭ مۇقىم ئۆسۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. داۋاملىق تۈردە مۇھىم نۇقتىلارنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۆرلەرنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا كېلەر يىلى تۆۋەندىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش كېرەكلىكى بېكىتىلدى.

بىرىنچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ يول باشلىغۇچىسى. يېڭى دەۋردە تەرەققىياتنى تۇتۇشتا، جەزمەن تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھىر بولۇشتەك يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر جەزمەن دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكى، جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەتتە ئۆزگىرىش بولغانلىقىدەك مۇقەررەر تەلەپكە ماسلىشىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چىڭ تۇتۇپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، دىققەت ـ ئېتىبارىنى ھەر خىل تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك. ئومۇميۈزلۈك، بىر پۈتۈن بولغان ئىدىيەنى تۇرغۇزۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، مۇھىم، زور سىياسەتلەرنى چىقىرىش ۋە تەڭشەشتە ئۇنىۋېرسال تەسىرنى باھالاپ، سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، ھەر خىل شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى قەتئىي توسۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى سىنايدىغان بىر مۇھىم ئۆلچەم قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەللىدە ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەسكىرىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېغىر نامراتلىقنى تۈگىتىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، سىياسەت، مەبلەغنى نۇقتىلىق ھالدا «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست» قاتارلىق ئېغىر نامرات رايونلارغا مايىللاشتۇرۇپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات ئائىلىلەرنى چېكىندۈرۈش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. مېخانىزم ئورنىتىپ، قايتا نامراتلىشىپ كەتكەن ئائىلىلەر ۋە يېڭىدىن نامراتلاشقان نامرات ئائىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، يۆنىلىشنى ئۆزگەرتمەسلىك، سالماقنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، بۇلغىنىشنى دەل جايىدا تۈزەش، بۇلغىنىشنى ئىلمىي تۈزەش، بۇلغىنىشنى قانۇن بويىچە تۈزەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى نۇقتىلىق ياخشى قىلىپ، ئالاقىدار تۈزەش مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى ئومۇمىي جەھەتتىن ساغلام، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەرنى تۈگىتىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان. ماكرو پىشاڭ نىسبىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش كېرەك.

ئۈچىنچى، خەلق تۇرمۇشى، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ئاساسقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق، ئۇللۇق، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھالقىلىق ۋاقىت ـ نۇقتىلاردا، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئومۇمىي مىقدارىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەرنى ھەرىكەتچان نۆللەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ، شەھەرگە كىرىپ ئىشلەۋاتقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش كېرەك. ئاساسىي تۇرمۇش تۆۋەن چېكىنى تولۇق ساقلاپ، كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش غەملەشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش كېرەك. بازار تەمىناتىنىڭ جانلىقلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، داۋالىنىش، كۈتۈنۈش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى مۇلازىمىتى ساھەسىنى بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى ۋە ئىچكى ـ تاشقى ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىللاشقان تەمىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. شەھەرلەردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرالغۇ كاپالىتى خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، شەھەرنى يېڭىلاش ۋە زاپاس مىقداردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى كۈچەيتىپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشنى ياخشى ئىشلەپ، ئىجارە ئۆيلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئۆينى پۇل تېپىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلماي، تۇرالغۇ قىلىشتىن ئىبارەت بەلگىلەنگەن ئورۇندا چىڭ تۇرۇپ، شەھەر ئەھۋالىغا قاراپ تەدبىر قوللىنىپ، يەر باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۆي باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇزاق ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ـ تەڭشەش ـ تىزگىنلەش مېخانىزمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆي ـ مۈلۈك بازىرىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچى، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى ۋە مۇقىم، ساغلام پۇل سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇش كېرەك. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىدە زور كۈچ بىلەن سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەتتىكى چىقىملارنى قەتئىي ئازايتىپ، نۇقتىلىق ساھەلەرنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ياخشى ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مائاشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئايلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى قوللاش كېرەك. مۇقىم، ساغلام بولغان پۇل سىياسىتىدە جانلىق، مۇۋاپىق بولۇپ، يۈرۈشتۈرۈشچانلىقنىڭ مۇۋاپىق، يېتەرلىك بولۇشىنى ساقلاپ، پۇل كىرىمدىنى، جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ئېشىشىنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. پۇل مۇئامىلە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۇل سىياسىتىنى يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ياسىمچىلىقتا ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى ئاشۇرۇپ، پۇقراۋى ۋە ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. مالىيە سىياسىتى، پۇل سىياسىتىدە ئىستېمال، سېلىنما، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسىپ، رايون قاتارلىق سىياسەتلەر بىلەن بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، مەبلەغنى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئورتاق مەنپەئەتلىنىدىغان، ئۈنۈم ئېففېكتىغا ئىگە ئىلغار ياسىمچىلىق، خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، ئۇل ئەسلىھەلەردىكى كەمتۈكلۈكلەر قاتارلىق ساھەلەرگە سېلىشقا يېتەكلەپ، كەسىپ بىلەن ئىستېمالنىڭ «قوش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش»نى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازارلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق قېزىپ، ئىستېمالنىڭ ئۇللۇق رولى ۋە سېلىنمىنىڭ ئاچقۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

بەشىنچى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇش كېرەك. مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئىككى چاق قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ بىر پۈتۈن رىقابەت كۈچىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كاپالىتى، تەمىناتىنى قاتتىق تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى تېزلىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. تىرىك چوشقا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. پەن ـ تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ قوللىنىشنى تېزلىتىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدىكى ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساس تەتقىقاتقا، دەسلەپكى يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىدىغان، مەدەت بېرىدىغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى بايقاش، تەربىيەلەش، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىستراتېگىيەلىك كەسىپلەر تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئۆسكۈنىلەرنى يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشقا مەدەت بېرىپ، ئەنئەنىۋى ياسىمچىلىقنى ئەلالاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ توك ئىشلىتىش، گاز ئىشلىتىش، ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق تەننەرخلىرىنى تۆۋەنلىتىپ، «مۇردا كارخانا»لارنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، خەلقئارا رىقابەت كۈچىگە ئىگە بىر تۈركۈم ئىلغار ياسىمچىلىق توپى بەرپا قىلىپ، كەسىپ ئاساسىي ئىقتىدارى ۋە كەسىپ زەنجىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. رەقەملىك ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بازار مېخانىزمى ۋە زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تېخىمۇ كۆپ تايىنىپ، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مۇلازىمەت كەسپىنىڭ كەسپىلىشىش ۋە قىممەت زەنجىرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ئۇزىرىشىغا تۈرتكە بولۇش، تۇرمۇش خاراكتېرلىك مۇلازىمەت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇپ ۋە كۆپ خىللىشىپ دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. «ياشانغانلار، كىچىككەلەر» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، جەمئىيەت كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدار بولغان ھاۋالىلىك بېقىش مۇلازىمىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قوللاپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تەنتەربىيە، بەدەن چېنىقتۇرۇش كەسىپلىرىنىڭ بازارلىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. دۆلەتنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىنى كۆزلەش، ئىستراتېگىيەلىك، تور تىپىدىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىش، سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولى قاتارلىق مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش، خەۋەرلىشىش تورى قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىش، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى تىزگىنلەشتىكى مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىش، شەھەر مەمۇرىيىتى تۇرۇبا تورى، شەھەر ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، سوغۇق ساقلاش زەنجىرى ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى كۈچەيتىش، يېزىلارنىڭ تاشيول، ئۇچۇر، سۇچىلىق قاتارلىق ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، رايون سىياسىتى ۋە بوشلۇق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسىنى بەرپا قىلىپ، بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، دۇنيا دەرىجىلىك يېڭىلىق يارىتىش سۈپىسى ۋە ئېشىش قۇتۇپى بەرپا قىلىش كېرەك. شيۇڭئەن يېڭى رايونى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنى كەڭ كۆلەمدە قوغداش تەدبىرىنى ئورتاق تۇتۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خۇاڭخې دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەركىزىي شەھەرلەر ۋە شەھەرلەر توپىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسى ئورنىتىشنى تېزلىتىش كېرەك. دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، دۆلەت كاپىتالىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئەلالاشتۇرۇش، تەڭشەشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ۋە مۇھىم ئامىللىنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان قانۇنچىللىق مۇھىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى سىياسەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. يەرنى پىلانلىق باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، مالىيە ـ باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، كاپىتال بازىرى ئاساسىي تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، چېكىنىپ چىقىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكى ۋە يېڭى ئۈچ بۆلەك ئىسلاھاتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، چوڭ بانكا مۇلازىمىتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە يېتەكلەپ، ئوتتۇرا، كىچىك بانكىلارنىڭ دىققەتنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سۇغۇرتا شىركەتلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا قايتىشقا يېتەكلەش كېرەك. سىرتقا ئېچىۋېتىشتا، داۋاملىق تېخىمۇ كەڭ دائىرە، تېخىمۇ كەڭ ساھە، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداشنى كۈچەيتىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش پاسسىپ تىزىملىكىنى داۋاملىق ئازايتىش كېرەك. تاشقى سودىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كارخانىلارنى كۆپ مەنبەلەشكەن ئېكسپورت بازارلىرىنى ئېچىشقا يېتەكلەش كېرەك. تاموژنا بېجى ئومۇمىي سەۋىيەسىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى تەجرىبە ئېتىزلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» سېلىنما سىياسىتى ۋە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش ئۆزگىرىشىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئىسلاھاتىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، كۆپ تەرەپلىك، ئىككى تەرەپلىك ئەركىن سودا كېلىشىمى سۆھبىتىنى تېزلىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» تەدبىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مالىيە، پۇل، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش ۋە يەتكۈزۈشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش نەتىجە ـ ئۈنۈمنى مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، مالىيە چىقىم قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەلالاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. ئىسلاھاتقا تايىنىپ تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش، بېرىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئۈچ يىللىق ھەرىكەت لايىھەسىنى تۈزۈپ، يولغا قويۇپ، دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئۇنىۋېرسال نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش كېرەك. ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ياسىمچىلىقنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى گۈللەنگەن كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خەلق تۇرمۇشى يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىستېمالنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇپ، ئىچكى بازار ئېھتىياجىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، تاشقى سودىنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ساقلاپ، تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى تۈزەش ۋە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېشىل تەرەققىيات ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل ياخشىلاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېلەر يىللىق پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق چاقىرىق قىلىندى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك!

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار، دۆلەت كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە پىلانى ئايرىم شەھەرلەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاساسلىق مەسئۇللىرى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، مەركەز باشقۇرىدىغان قىسمەن كارخانىلار ۋە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئارمىيەنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.